يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# ئۈرۈمچى شەھىرى جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى لى نىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرى «تېببىي قوغداش - داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلىش، نۇقتىلىق بىرىنچى سېپىگە كاپالەتلىك قىلىش، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت «ئۈچكە كاپالەتلىك قىلىش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىغا كۆپ خىل تەدبىر ئارقىلىق يۇقىرى ئۆلچەمدە كاپالەتلىك قىلدى.

سېتىۋېلىش جەھەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلاشتۇرغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەبلىغىگە قارىتا دەرھال ماسلىشىپ، بىجىرىپ ۋە ئاجرىتىپ نەقلەشتۈرۈپ، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قوغداش - ياردەم بېرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش يېشىل يولىنى ئېچىپ، مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ، پۈتۈن جەريانلىق ئىز قوغلاپ، ھەربىر تۈركۈم جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىدا زاكازنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئامبارغا كىرگۈزۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقىچە بولغان ھالقىلارنى يوچۇقسىز جىپسىلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مىقدارىنى ئاشۇرۇشى، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەم ئىشلىتىش، مەبلەغ، خام ئەشيا، ئۈسكۈنە جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

تەڭشەپ تەقسىملەش جەھەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەبلىغى ھېساباتىنى كۈندە مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەبلىغىنى ئاجرىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا نەقلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ ماددىي ئەشيا زاپىسىنى ھەرىكەت ھالىتىدە ئېلىپ، ماددىي ئەشيالارنى بىرىنچى سەپتىكى ئورۇنلارغا ئىلمىي، ۋاقتىدا تولۇقلىدى. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭشەپ تەقسىملەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەددىي ھالەتتىكى جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى يىغىش، تەڭشەشنىڭ كۈچلۈك، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى، تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئەسۋابى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى تەڭشەپ تەقسىملەش، تەمىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىن قاندۇردى.

بازارغا سېلىش جەھەتتە، ئالاقىدار ئاپتوموبىللارنىڭ يول يۈرۈش مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ھەرقايسى دوختۇرخانا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پۇنكىتلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ يەرلىك تېببىي دورا كارخانىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى بازارغا سېلىش سالمىقىنى زورايتتى. ھازىر شەھەر بويىچە 62 دورا توپ سېتىش كارخانىسى، 24 دورا پارچە سېتىش زەنجىرسىمان باش ئىشتابى، 1089 زەنجىرسىمان دۇكان نورمال تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ بازار تەمىناتى تولۇق.

زاپاس ساقلاش جەھەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش، سىرتتىن سېتىۋېلىش، ئىئانە قوبۇل قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى ساقلاش كۆلىمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كېڭەيتتى. توپلىنىپ نەقلەشكەن تۈرلۈك جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى ھەرقايسى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى، تەكشۈرۈش پۇنكىتى، قاتناش تۈگۈنى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش نۇقتىلىرى - ئورۇنلىرىغا بىرتۇتاش تەڭشەپ تەقسىملىدى. ھازىرغىچە، تەكشۈرۈش سىناق دورىسى، مۇداپىئە بۇيۇملىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، قوغداش - داۋالاش دورىلىرى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق بەش چوڭ تۈردىكى داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ زاپىسى تولۇق.

# تاشيوللاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە تەكشۈرۈشتە «بىرمۇ ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ ئاپتوموبىلنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق» ئىشقا ئاشۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى تاشيوللاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى سۇڭ بىن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرى تاشيول قاتنىشى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، «بىرمۇ ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ ئاپتوموبىلنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق» تەلىپى بويىچە، ئىلغاپ تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئىلمىي ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى.

كىرىش ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلدى. ئاپتوموبىللىق ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر، ئۈرۈمچىگە قايتقانلارغا قارىتا، ساغلاملىق كودى ۋە يەتتە كۈن ئىچىدىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى(مەنپىي)نى تەكشۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىن، خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن رايونلاردىن كەلگەنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە يول قويۇلدى. دۆلەت ئىچىدىكى خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى يۇقىرى رايونلاردىن كەلگەنلەر 14 كۈن مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلدى، خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى ئوتتۇرا ھال رايونلاردىن كەلگەنلەرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىققاندىن كېيىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىندى.

ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىدىغان كىشىلەر، ئاپتوموبىللارنى باشقۇرۇش ياخشى ئىشلەندى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئايروپىلان، پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغانلارنىڭ جەزمەن يەتتە كۈن ئىچىدىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى(مەنپىي) بولسا، ساغلاملىق كودىدا نورمالسىزلىق بولمىسا، ھەممىدە كۈچكە ئىگە ئايروپىلان بېلىتى، پويىز بېلىتى بولسا ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىندى. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭ ئىچىدىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئاپتوموبىللىق قايتىدىغانلار دوختۇرخانىدىن چىقىش ئىسپاتى ۋە يەتتە كۈن ئىچىدىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى(مەنپىي)نى ئېلىپ كەلسە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى كۆكتات، ئاشلىق، گۆش، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق مۇھىم زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللار، ھەممىدە ياشانغانلار، بالىلار، ھامىلدارلار ئولتۇرغان ۋە جەددىي، ئېغىر، خەتەرلىك ئاغرىقلارنى يۆتكەپ توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا يېشىل يول ئېچىپ بەردى. تاشيوللاردىكى ھەرقايسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدا خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، ئېھتىياجى بار ھەر مىللەت ئاممىغا ۋاقتىدا مۇلازىمەت قىلىندى.

ئۈرۈمچى شەھىرى تاشيوللاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە يۈزتۇرا ئۇچرىشىش زۆرۈرىيىتى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتچى خادىملارغا مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بەردى. ھەرقايسى تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى تاشلاندۇقلارنى مەركەزلىك يىغىپ بىر تەرەپ قىلدى، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش نۇقتىسىنىڭ مۇھىتىنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈردى، قەرەللىك ھالدا بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى مەركەزلىك تەكشۈردى.

# نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتىلغان نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش قېتىم سانى نېمە ئۈچۈن كۆپەيتىلىدۇ

مۇتەخەسسىسنىڭ چۈشەندۈرۈشى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتىلغان نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش قېتىم سانىنى كۆپەيتتى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن گوشىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ، يۇقۇم يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنىڭ ئېھتىياجى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى ئاساسلىق تەكشۈرۈپ تېپىش ئۇسۇلى ھەم ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى ئىكەن. يۇتقۇنچاقتىن پەلكۈچ ئارقىلىق ئەۋرىشكە ئېلىش نەپەس يولىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈش سىناق دورىسىنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ئارقىلىق بىرلا قېتىمدا بارلىق يۇقۇملانغۇچىلارنى 100% پەرقلەندۈرگىلى بولمىغاچقا، ئېھتىيات ئۈچۈن، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق كىشىلەرگە قارىتا كۆپ قېتىم ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ يوشۇرۇنۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بەدىنىنىڭ زەھەر تارقىتىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆرۈلگەن ئاغرىق مىساللىرى ئىچىدە، ئۇدا ئىككى قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىقىپ، 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئاندىن مۇسبەت چىققانلار بار، شۇڭا تەكرار تەكشۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتىلغان كۆپ قېتىم نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يۇقۇم يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش قېتىم سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى تېزدىن، بالدۇر بايقاپ، ئايرىپ تېببىي كۆزىتىشنى يولغا قويۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى خەۋپ - خەتەرنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش شارائىتى ياكى يۇقۇم مەنبەسىنى ئازايتىشقا پايدىلىق.

ۋېن گوشىن مۇنداق دېدى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجە - ئۈنۈمىنى سىنايدىغان مۇھىم ۋاستە، ئۇنىڭغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار مۇھىم پايدىلىنىش ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پائال، پۇختا تەڭشەشكە قولايلىق يارىتىدۇ.



8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، خىزمەتچى خادىملار ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قوغداش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا ئاغرىقلارغا تاماق قاچىلىماقتا.

# ئاغرىقلار ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك تاماق تەييارلاش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شې لۇڭ فوتوسى، خەۋىرى



8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قوغداش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا، ئاشپەز دۇڭ تيەنشى ئاغرىقلارغا قورۇما قورۇماقتا.




8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قوغداش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا، خىزمەتچى خادىملار ئايرىپ قاچىلانغان تاماقلارنى ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ ھەرقايسى ئاغرىقلار رايونلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزمەكتە.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سائەت 18دە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قوغداش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا، مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان كالا گۆشى شورپىسى قاچىلارغا ئۇسۇلۇپ، يەشىككە قاچىلىنىپ، تاماق يەتكۈزۈش ئاپتوموبىلى ئارقىلىق ئاغرىقلار رايونىغا يەتكۈزۈلمەكتە ئىدى...

ئاشخانىدا، باشقۇرغۇچى خەن جۈڭخۇي قاتارلىقلار سوغۇق سەي، مېۋە - چېۋە، قېتىق ۋە ماشخوردىنى بۆلۈپ قاچىلىدى. ئوچاق بېشىدا ئاشپەز جاڭ يۈپىڭ مونەك ئاش ئېتىۋاتاتتى، «بۇنى ياشانغانلار قاتارلىق ئالاھىدە ئاغرىقلارغا ئەتكەن، شۇڭا مونەكنى ئامال بار كىچىكرەك قىلىمىز» دېدى جاڭ يۈپىڭ.

«بىز ھەر كۈنى سائەت 6دىن باشلاپ ناشتىلىق تەييارلايمىز، ھەر ۋاقلىق تاماق نەچچە يۈز كىشىلىك تارقىتىلىدۇ، سائەت 21دە ئاندىن شۇ كۈنلۈك ئۈچ ۋاق تاماق بىلەن تەمىنلەش ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى تاماملىغىلى بولىدۇ. كەچتە يەنە كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغان دوختۇر - سېستىرالار ۋە ئالاھىدە ئاغرىقلارنى كېچىلىك تاماق بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى خەن جۈڭخۇي.

ئۈرۈمچىدە بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، دوختۇرخانىنىڭ ئارقا سەپ كاپالەت تارمىقى تېببىي خادىملارنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن داۋالاشنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، ئاغرىقلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكتە ئوزۇقلۇقىنىڭ تولۇق، تەكشى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بەردى. «بىز ‹يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە ئايرىلغانلار ھەم يېنىك، ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ ئوزۇقلۇق يېمەك - ئىچمەك مۇھىم نۇقتىسى›نى تۈزۈپ چىقتۇق، ئاغرىقلارنىڭ يېمەكلىكىدە گۆش، تۇخۇم، سۈت، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق، گۆشلۈك، گۆشسىز تاماقلار مۇۋاپىق تەڭشەلگەن، گۈرۈچ ۋە ئۇن تاماقنىڭ تەڭشىلىشى جايىدا.» دوختۇرخانا ئارقا سەپ كاپالەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خۇ يەنمىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «يۇقىرى قان بېسىم، دىيابېت قاتارلىق ئاساسىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار ھەممىدە ياشانغانلار قاتارلىق ئالاھىدە ئاغرىقلارنى دوختۇرخانا مەخسۇس قۇۋۋەتلىك تاماق بىلەن تەمىنلىدى ھەم ئاغرىقلارنىڭ خالىشىغا ئاساسەن ئالاھىدە تاماق ئېھتىياجى مۇلازىمەت تېلېفونىنى تەسىس قىلدى. بەزى ئېغىر ئاغرىقلارغا كىلىنىكىلىق ئوزۇقلۇقشۇناسلارنىڭ دىياگنوزى ۋە ئاغرىقنىڭ ئورگانىزم ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مېۋە شىرنىسى، كۆكتات شىرنىسى قاتارلىق يۇتۇش ۋە ھەزىم قىلىشقا قولايلىق سۇيۇق مەخسۇس يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بەردى».

شۇ كۈنى چۈشتە، ئۈچ ياشانغان ئاغرىق دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئاشخانا مەخسۇس ئۈچ كىشىلىك جۇۋاۋا ئەتتى. «‹سەپەرگە چىققاندا جۇۋاۋا يە، سەپەردىن كەلگەندە چۆپ› دەيدىغان ماقال بار، بۇ، بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان ياخشى تىلىكىمىز» دېدى خۇ يەنمىڭ.

سۈرەتلىك ھېكايە

(بېشى 1 - بەتتە)

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن سەككىز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 264، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 89، جەمئىي 353.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قوغداش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.